# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 11 - ئاي

2

شەنبە

维吾尔文 11月2日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24867 - سان بۈگۈن 4 بەت


«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندى

## مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنغان 21 - سان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى «مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە مۇنداق تەكىتلەندى: يېڭى ۋەزىيەتتە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن قورالىنىشنى كۈچەيتىپ چىڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى كۈچەيتىپ پۇختىلاپ، ئىستىلنى توغرىلاپ ئىنتىزامنى چىڭىتىشنى كۈچەيتىپ ئالغا سىلجىتىپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارىغا پىكىر ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

## شى جىنپىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

### ۋاڭ خۇنىڭ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى ۋاڭ ياڭ، خەن جېڭ قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى جۇڭنەنخەيدە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى توغرىسىدا ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرىنىڭ پىكىرلىرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا، بىرلىك سەپنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە ئورتاق تونۇش مۇجەسسەملەش كېرەك. ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش مۇساپىسىدە چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. ۋاڭ خۇنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئويلىغانلىرى ۋە ھۆججەت تەييارلاش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ مۇنداق تەكىتلىدى

## دەسلەپكى يېڭىلىق يارىتىش بۆشۈكى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىزنى دۇنيادىكى پەن - تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك

### لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بەردى

**تەبرىك خەت**

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل بولغان پەيتتە، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالەتەن سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! پۈتۈن ئاكادېمىيەدىكى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ۋە كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

70 يىلدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى دادىل ئىزدىنىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دادىل ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك زور بىر تۈركۈم مۇھىم، زور پەن - تېخنىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى، تەرەققىياتنى چەكلەپ قويۇۋاتقان زور بىر تۈركۈم ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان زور بىر تۈركۈم ئىجادىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى يۈتتى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى نەچچە ئەۋلاد ئالىملارنىڭ راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇشتەك ئىلغار ئىش ئىزلىرى دۆلىتىمىزدىكى كەڭ زىيالىيلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل بولغان پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالەتەن پۈتۈن ئاكادېمىيەدىكى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ۋە كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن سەمىمىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى دادىل ئىزدىنىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، قەتئىي تەۋرەنمەي ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگۇي خەۋەر قىلىدۇ:** 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىجادىيلىققا، ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم يىغىن. ئومۇمىي يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ خىزمەتلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم دوكلات بەردى، مۇھىم سۆز قىلدى ھەم «قارار(مۇزاكىرە تېزىسى)» توغرىسىدا ئىزاھات بەردى. «قارار»دا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتى ۋە ئىراق كەلگۈسى چىقىش قىلىنىپ، «نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك نەزەرى ۋە كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقى تولۇق نامايان قىلىندى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى 3 - بەتتە

## زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى

—— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سۇچىلىق خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

## سۇ تېزگىنلەش، سۇچىلىقنى گۈللەندۈرۈش، سۇ تېجەش، سۇ باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى كۈچلۈك سۇچىلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

**مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ:** 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سۇچىلىق خىزمىتى يىغىنى ئاقسۇ شەھىرىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۇ تېزگىنلەش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشقا، سۇچىلىق ساھەسىدە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى ئېقىن، ئوتتۇرا ئېقىن، تۆۋەن ئېقىننى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئېكولوگىيەگە ئىشلىتىلىدىغان سۇنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، سۇ تېزگىنلەش، سۇچىلىقنى گۈللەندۈرۈش، سۇ تېجەش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## 29 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى

گېزىتىمىزدىن تۆت پارچە ئەسەر ئايرىم - ئايرىم 1 -، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 29 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش نەتىجىسى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان قىلىندى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

**گېزىتىمىز خەۋىرى** گېزىتىمىزدىن تۆت پارچە ئەسەر ئايرىم - ئايرىم جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ 1 -، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، «گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى» مەخسۇس ئىستونى جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ ئاخبارات داڭلىق مەخسۇس ئىستونى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى» ئۈچۈن شىنجاڭ كۈچىنى تەقدىم قىلىش

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى

دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قەدىمدىن ھازىرغىچە سانسىزلىغان دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ بوشاشماي ئىنتىلىدىغان غايىسى بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى يېتەكلەپ، ئىرادىسىدىن قايتماي ئىزدىنىدىغان نىشانى.

ئەمدىلا يېپىلغان پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى.

كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى، چوقۇم پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىگە تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇپ، «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى» ئۈچۈن شىنجاڭ كۈچىنى تەقدىم قىلىمىز.

**■ ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىش**

تۈزۈم دۆلەتنى مۇقىم قىلىش، ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇشنىڭ ئاساسى، ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ كاپالىتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



### پۇقراۋى تۇرالغۇدا كۈز مەنزىرىسى قويۇق

كەچ كۈز مەزگىلىدىكى قاراماي شەھىرى شۆگەي يېزىسىنىڭ كۈز مەنزىرىسى قويۇق (10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). بۇ يىل بۇ يېزا كەنت ئاھالىلىرىنى ئۆزگىچە ساياھەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، بىكار تۇرۇپ قالغان ئۆيلەرنى پۇقراۋى تۇرالغۇغا ئۆزگەرتىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى.

□ تيەن گوجيەن فوتوسى